السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەردىن جاھىلىيەتنىڭ ئەيىپ-نۇقسانلىرى، ئەجدادلىرى

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەككە پەتھە قىلىنغان كۈنى كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: « ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەردىن جاھىلىيەتنىڭ ئەيىپ-نۇقسانلىرى، ئەجدادلىرى بىلەن پەخىرلىنىش قاتارلىق ئىللەتلەرنى يوق قىلىۋەتتى. ئىنسانلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى، ياخشى، تەقۋادار، ئاللاھنى سۆيگەن ئېسىل كىشىلەر. يەنە بىرى: پاسىق، بەختسىز، ئاللاھقا ئېتىبارسىز قارايدىغان كىشىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەۋلادىدۇر. ئاللاھ تائالا ئادەمنى تۇپىدىن يارىتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ تەرجىمىسى: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر» [سۈرە ھۇجۇرات 13-ئايەت].

[تېكىست توغرا] [تىرمىزى ۋە ئىبنى ھىببان رىۋايىتى]

مەككە پەتھە بولغان كۈنى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە نۇتۇق سۆزلەپ مۇنداق دېدى: «ئى ئىنسانلار! ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەردىن جاھىلىيەتنىڭ چوڭچىلىق، تەكەببۇرلۇق، ئاتا-ئەجدادىدىن پەخىر قىلىش قاتارلىق ئىللەتلەرنى يوق قىلدى، ھەقىقەتتە ئىنسانلار ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ: بىرى ئاللاھ تائالاغا تائەت -ئىبادەت قىلىدىغان، تەقۋادار ياخشى مۇئمىن بولۇپ، گەرچە ئۇ كىشى كىشىلەر ئارىسىدا ئابرۇيلۇق، ئېسىل نەسەپلىك كىشى بولمىسىمۇ، لېكىن ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئېسىلدۇر. بىرى كاپىر، پاجىر، بەختسىز-شەقىيدۇر. گەرچە ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا يۈز-ئابرۇيلۇق، ئەمەل-مەنسىپى بار بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئېتىبارسىز، ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدىغان كىشىدۇر. ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى، ئاللاھ تائالا ئادەمنى تۇپىدىن ياراتتى، ئەسلى ماددىسى تۇپا بولغان بىر مەخلۇقنىڭ باشقىلارغا چوڭچىلىق قىلىشى، ئۆزىدىن پەخىرلىنىشى توغرا بولمايدۇ. بۇنى ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئايىتى تەستىقلايدۇ: يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ تەرجىمىسى: «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر.» [سۈرە ھۇجۇرات 13-ئايەت].